# ئىبادەت

مۇھەممەد يۇسۇپ

﴾ 1 ﴿

# ئىبادەت

يازغۇچى:
**مۇھەممەد يۈسۈپ**

تەھرىر:
**مۇھەممەد يۈسۈپ**

نەشىر قىلغۇچى:
**شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى
تەتقىقات مەركىزى**

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
**ئۈپۈق ئىلانچىلىقى**

**ئىستانبۇل 2023**

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**«ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار».**

(بەقەرە سۈرىسى: 21-ئايەت)

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم».**

(يەنى ماڭا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇغانلىرىمنى ئورۇنداپ، مەن كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرسۇن، دەپ ياراتتىم).

(زارىيات سۈرىسى: 56-ئايەت)

## ※ مۇندەرىجە ※

ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە بايان ............3
ئىبادەتنىڭ مەنىسى...........................6
ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى.........................9
پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىبادەتكە چاقىرىلغان...11
ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ.........14
ئىبادەت بىراۋنىڭ ۋاستىسىغا موھتاج ئەمەس ...16
ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا موھتاج.........22
ئىبادەت روھنىڭ ئوزۇقىدۇر ..................24
ئىبادەت يارىتىلىشنىڭ غايىسىدۇر .......27
ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى..........................33
مۇئامىلىۋى ئىبادەت دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر ...34
مۇئامىلىۋى ئىبادەت بىلەن سىمۋوللۇق ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە پەرقى.....36
مۇئامىلىۋى ئىبادەت بىلەن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتى................. ....40
سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى

ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ...........43
1. ناماز..............................................45
2. روزا ...............................................47
3. زاكات .............................................48
4. ھەج................................................49
5. دۇئا................................................50
مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر بىزنى ئىزچىل ئاللاھقا باغلاپ تۇرىدۇ............. ......51
ئىبادەت قىلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر.....55
ئىبادەتنىڭ ئىمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى...59
ئىبادەتنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...61
ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى......65
سىمۇوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ مۇھىملىرى..68
ناماز...............................................68
نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى...........70
نامازنىڭ پەرزلىكى ...........................71
زاكات ..............................................72
زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ..........73
ئىسلام نەزىرىدە پۇل - مالنىڭ ماھىيىتى...74
ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ قىممىتى ..........75
روزا ...............................................76

روزىنىڭ ھەقىقىتى.............................77
گۇناھ بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ ....................78
ھەج...........................................79
ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلىتى ......80
دۇئا...........................................81
دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسى ..............83
قۇرئان ئوقۇش .................................84
تەۋبە-ئىستىغفار ...............................85
تەۋبە-ئىستىغفارنىڭ پايدىسى..............86
زىكىر .............................................87
زىكىرنىڭ تۈرلىرى.............................88
مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىڭ مۇھىملىرى...91
گۈزەل ئەخلاق...................................91
سۆيگۈ-مۇھەببەت.............................93
راستچىللىق....................................96
ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ............................97
ۋاقىتقا رىئايە قىلىش..........................98
ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش...100
بالىلارنى تەربىيەلەش ........................102
كۆيۈمچانلىق .................................104
ئادىللىق.........................................106

تەبەسسۇم قىلىش.............................107
خاتالىق سادىر قىلغاندا كەچۈرۈم سوراش...108
كۈندىلىك ئىبادەتلىرىمىزگە قوشۇلۇۋاتقان ئىشلىرىمىز....................................110
ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتۈشى...113

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە مەدھىيە ئوقۇپ ئۇنى ماختايمەن. ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارلىق ئۈلگىسى، ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆئمىنلەرگە جانابى ئاللاھ تائالادىن رەھمەت تىلەيمەن.

ئىبادەت مۆئمىن ئادەمنىڭ يارىتىلىش ۋە دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبى بولۇپ، دىلدىكى ئىماننى ئىسپاتلايدىغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان كاتتا ئەمەلدۇر. ئىبادەت يەنە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بولغان بىر تۇرلۇك سىناقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا

بىزنى ئىبادەتكە بۇيرۇش بىلەن سىناشنى ئىرادە قىلغان. ﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ﴾ **«ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر»** . ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسىنى ۋە مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە كۆرىمىز. چۈنكى بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس. ئىبادەتنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىلىدىغان مېۋىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە ئىبادەت ھەققىدە تەپسىلى يېزىلغان، چوڭ-كىچىك ھەممىگە ئاممىباب ئەسەر بولۇپ، سىزنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى بىلىملەرگە بولغان بارلىق ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرىدۇ، بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىدۇ، بىلىدىغانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

# ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە بايان

دىنىمىزدا ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ مۇھىم ئەمەل ئىبادەتتۇر. ئىبادەت - ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى يوقتىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك تەبىئىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۈممەتلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانىدىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلار بۇرۇنقىلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن، بەزىلىرى قۇياش، ئاي، ئوت، سۇ قاتارلىق تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنغان بولسا، بەزىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت

قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ كېتىپ، بۇتلارنى، ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ كۆرسەتكەن ئىبادەت سىستېمىلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋە ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئىنسانلار ھەق دىنىنى ئۇنتۇپ، كۇفرىلىققا يۈز تۇتقان ھەربىر دەۋردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئارقا – ئارقىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىنسانلار يەنە قايتىدىن بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا قايتىپ تۇرغان.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىسلام دىنىنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس دىن قىلىپ بەلگىلەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئاخىرقى دىنغا ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى تەقەززا قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى مەخلۇقاتقا، تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقنىڭ ئازگاللىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ھەقىقەت نۇرىغا چىقىرىشنى ئىرادە قىلىپ ئىسلام دىنىنى چۈشۈرگەن.

شۇنىڭدىن بىرى ئىسلام ئىسلام

## ئىبادەت

ئىبادەتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ئىبادەتنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[1]، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئىبادەت – ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا بىزدىن تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[2].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان

1 «لىسانۇل ئەرەب» 5-توم، 2776- بەت.

2 دوكتۇر يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام «(ئىسلامدا ئىبادەت) ناملىق ئەسىرىدىن.

ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە ئوي – پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج – ئۆمرە قىلىش، راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا - ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال كەسىپ قىلىپ ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملەرگە، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالانى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىنى ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، بالا - قازالارغا سەۋر قىلىش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۇكۇر قىلىش قاتارلىقلاردۇر»[3].

3 شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ»العبودية«(قۇلچىلىق ناملىق ئەسىرى 2 - بەت.

قىسقىسى، مۆئمىن ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى ئىپادىلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ **«ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر›»**[4]. بۇ ئايەت بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇسۇلمان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىنى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە توغرىلىشى، ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى دىنىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن قىلىپ ئۇدۇللىشى، ئۇنىڭ نىيىتى، ئىبادەتلىرى، ھاياتى ۋە ھەربىر ئىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەندەك بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ، دۇنيالىق ئۈچۈن قىلغانلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتىدۇ.

دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر مۇسۇلمان ئادەم يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئىبادەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى مېۋىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر.

---

4 مائىدە سۈرىسى: 162- ئايەت.

# ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى

دىنىمىزدا ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى - ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كەمتەرلىك ۋە ئەڭ سەممىي مۇھەببەت ھەم ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

كەمتەرلىكنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى - ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجنى چوڭقۇر ھېس قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇدرەتلىك، ئىنسان ئاجىز، ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئىنسان پېقىر، ئاللاھ تائالا ئالىم، ئىنسان جاھىل، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، ئىنسان ھاجەتلىك. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ۋە ھەر سېكونت ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە ھىمايىسىگە موھتاجدۇر.

مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى - ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتتىن ئالاھىدە ئارتۇق بولۇشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتى، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلدى ۋە ئەڭ ئېسىل، نازۇنېمەتلەرنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئىمتىيازلارنى

پەقەت ئىنسانلارغىلا ئاتا قىلدى. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانغا ئاللاھ تائالادىن سۆيۈملۈك زات بولماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ تائالانى تونۇغان كىشى ئۇنى چوقۇم سۆيىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇغىنىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي مەنىدە تونىغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈسى چەكسىز بولىدۇ.

ئىخلاسنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى - ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق غەرەزنى كۆزلىمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، نامازنى تەن ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتى بىلەن ئوقۇغان، ھەرەمگە سودا قىلىپ پۇل تېپىش ياكى «ھاجى» ئاتىلىپ ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن بارغان كىشىنىڭ بۇ نامىزى بىلەن ھەججىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئاساسلىق غايىنى مەقسەت قىلمىغان ھەر قانداق ئەمەل - ئىبادەتلەر بىكاردۇر.

## پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىبادەتكە چاقىرىلغان

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنى ئىبادەتكە چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ **يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ** ﴾ **«ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»**[5]. بۇ چاقىرىقتا ئاساسەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۈممەتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ﴿ **إِنَّ اللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ** ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»[6]. ﴿ **وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلاَ تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا** ﴾ **«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا،**

---

5 بەقەرە سۈرىسى: 21 ـ ئايەت.

6 ئال ئىمران سۈرىسى: 51- ئايەت.

**يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، (سەپەرداش، ساۋاقداش قاتارلىق) ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاق ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ»**[7].

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ زاماندىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلارنىڭ كۆپلىرى بۇرۇنقىلىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان ھەق يوللىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن، بەزىلىرى ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قۇياش، ئاي، ئوت، سۇ قاتارلىق تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنغان بولسا، بەزىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇتلارنى، ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالغان.

دېمەك، بارلىق ئىنسانىيەت ھەق بولسۇن ياكى باتىل بولسۇن ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. «يۇنانلىق مەشھۇر ئەدىب ۋە

7 نىسا سۈرىسى: 36-ئايەت.

تارىخچى پلۇتارچ[8] دىنلار تارىخى ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مۇنداق يەكۈننى چىقارغان: «دۇنيادا چېگرىسىز، پادىشاھسىز، بايلىقسىز، مەدەنىيەتسىز ۋە تىياتىرسىز شەھەرلەرمۇ تېپىلىشى مۇمكىن، بىراق ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىبادەتخانىسى بولمىغان، ياكى ئۇنىڭ ئەھلى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىرەر شەھەرنى كۆرگىنى يوق»[9].

8 يۇنان تىلىدىكى ئاتىلىشى Πλούταρχος مىلادىيەنىڭ 46-يىلى دۇنياغا كېلىپ، 120-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

9 دوكتور يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» (ئىسلامدا ئىبادەت) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ

ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ﴾ **«رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى»**[10]. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى: ﴿ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ **«ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر»**[11] دېيىشتىن ئىبارەت بولغان. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ئاساسىمۇ بۇتلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئىدى. ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلمىغۇچە مۇسۇلمانلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىدىغان بىرىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمما ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىشقا ئۇنىماي، بۇتلاغا چوقۇناتتى. ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾ **«(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە**

---

10 ئىسرا سۈرىسى: 23-ئايەت.

11 ئەئراف سۈرىسى: 59 – ئايەت.

زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟»[12].

12 ئەنكەبۇت سۈرىسى: 61- ئايەت.

# ئىبادەت بىراۋنىڭ ۋاستىسىغا موھتاج ئەمەس

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىراۋلارنىڭ ۋاستىسىغا قىلچە ھاجەت يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توساق يوق. شۇڭا ئىبادەت ۋە دۇئا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بىۋاستە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. ﴿وَلَا تَجْعَلُوا مَعَ اللَّهِ إِلَٰهًا آخَرَ﴾ **«سىلەر باشقا مەبۇدنى ئاللاھقا شېرىك قىلماڭلار»**[13]، ﴿فَلَا تَدْعُوا مَعَ اللَّهِ أَحَدًا﴾ **«سىلەر ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلماڭلار»**[14]. ئاللاھ تائالا دۇئادا باشقىلارنى ئۆزىگە ۋەسىلە (ۋاستە) قىلىشقىمۇ قەتئىي يول قويمىغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ **«ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن»**[15] دەپ جاكارلىغان. شۇڭا ئىبادەت ۋە دۇئادا ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى ياكى باشقا شەخسلەرنى ۋەسىلە قىلىش توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ۋەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىدۇر.

13 زەرىيات سۈرىسى: 51- ئايەت.

14 جىن سۈرىسى: 18- ئايەت.

15 غافىر سۈرىسى: 60- ئايەت.

ۋەسىلە ـ ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ۋاسىتە قىلىپ ئارىغا سېلىش دېگەنلىكتۇر. دىنىمىزدا رۇخسەت قىلىنغان ۋەسىلە شەخسلەرنى، ئۆلۈكلەرنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىمانىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىم -سۈپەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋەسىلە ئۆزىمىزنىڭ ئىمانىنى، ئەمەل - ئىبادەتلىرىمىزنى ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. ﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ﴾ **«رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ ‹رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. رەببىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا**

**چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن»**[16]. يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئەگەشتۈرۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ**﴾ **«رەببى ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى»**[17].

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان. چۈنكى ئىمان ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ كاتتا ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەر كېلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ نەپەر كىشى كېتىپ باراتتى، تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر تاغنىڭ تېگىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاغدىن چوڭ بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسىۋالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمەللىرىڭلار بولسا شۇ ئەمەللىرىڭلارنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭ

16 ئال ئىمران سۈرىسى 193 ـ ئايەت

17 ئال ئىمران سۈرىسى 195 ـ ئايەت

يۈزىسىدىن بىرىگە بىر چىقىش يولى بېرىپ قالار، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانام بىلەن بىر نارسىدە بالام بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن قوي باقاتتىم، ھەر كۈنى ئۇلارغا سۈت ئىچكۈزەتتىم. بىر كۈنى كەچ كېلىپ قالدىم. كەلسەم ئاتا - ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن سۈتنى سېغىپ ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇتۇپ تۇردۇم ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيمىدى. ئاتا - ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ شۇنداق تۇرۇپ تاڭ ئاتتى. ئەگەر مېنىڭ بۇ قىلغىنىم سېنىڭ دەرگاھىڭدا ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن بولۇپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، بۇ ئەمەلىمنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن». شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا بىر يوچۇق ئېچىپ بەردى. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى مۇنداق دەپ دېدى: « تاغامنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بىر ئۇنىڭ بىلەن يامان ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئەمما قىز قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. سۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا بىر يۈز يىگىرمە دىنار بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن تەلىپىمنى راۋا قىلىشنى سورىدىم. ئۇ ماقۇل كەلدى، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېرىشتىم دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۇ قىز» ئامانەتنى ئۆز يولى بىلەن

ئالمىساڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ» دېۋىدى، دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك تورۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم، ئالتۇنىنمۇ بېرىۋەتتىم». ئاندىن ئۇ مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: « ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان بۇ ئىشىم ساڭا قوبۇل بولغان بولسا، بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن». شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئادەم پاتمايدىغان دەرىجىدە ئازراق ئېچىلدى. ئۈلارنىڭ ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى: « مەن كۆپ ئادەملەرنى ياللاپ ئىشلەتكەن ئىدىم، ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. بىرلا كىشى ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە مال ئېلىپ ماللىرىمغا قوشۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېلى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم كېلىپ، مەندىن ئىش ھەققىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئاشۇ قوي، كالا، تۆگە ۋە قۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭدۇر» دېۋىدىم. ئادەم: « سەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مەن سەندىن ئىش ھەققىمنى سوراۋاتىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: « مەن سېنى مەسخىرە قىلمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ» دېدىم. ئادەم بىرنىمۇ قويماي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزنى بۇ

خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزى پۈتۈنلەي ئىچىلىپ كەتتى، ئۇلار سالامەت چىقىپ كەتتى»[18].

يۇقىرىقى ھەدىستە دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى بىلەن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە تەلمۈرگەن ۋە ھاياتىدا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن دۇئاسى ئىجابەت بولغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق بىزگە قانداق ۋەسىلە قىلىش لازىملىقىنى ئۆگەتكەن ۋە زۆرۈر بولغاندا شۇنداق ۋەسىلە قىلغۇدەك ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلغان. بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشىمىزغا يارىغۇدەك ئالاھىدە ياخشى زاپاس ئەمەللىرىمىزنىڭ بولۇشى بىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىمدۇر.

18 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا موھتاج

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. «ئىنساندىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان بۇ ئېھتىياج تۇيغۇسىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى ئۇچرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا ۋاستىسى ئىبادەتتۇر»[19]. ئىنسان بېشىغا ئېغىر پالاكەتلەر كەلگەندە ياكى ھاياتى خەتەردە قالغاندا، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ وَإِذَا مَسَّ الْإِنْسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُو إِلَيْهِ مِنْ قَبْلُ﴾ **«ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نىمەت ئاتا قىلغان چاغدا،**

19 دوكتور يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام«(ئىسلامدا ئىبادەت) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

**ئىلگىرىكى يالغۇزلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ»**[20]. ئىنساندىكى ئىبارەت مەنىۋى جەۋھەرنى غەپلەت ۋە مەغرۇرلۇق قاپلىۋالغان چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىنى شەك ۋە كۇپىرلىقنىڭ پەردىلىرى يۆگىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ دەھشەتلىك بالالار ۋە ئەڭ قىيىن لەھزىلەرگە دۇچ كېلىپ، سەۋەبلەر كارغا كەلمىگەندە، بۇ پەردە ئۆزلىكىدىن تېزلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىدۇر.

---

20 زۇمەر سۈرىسى: 8 – ئايەت.

## ئىبادەت روھنىڭ ئوزۇقىدۇر

ئىنسان يەيدىغان، ئىچىدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان ماددىي جىسىملا ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شۇنداق قىممەتلىك بىر جەۋھەر بولۇپ، ئىنسان بۇ جەۋھەرنىڭ يەرشىدىن كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولۇشقا لايىق بولغان. بۇ جەۋھەر بولسىمۇ، ئىنساندىكى روھتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بۇ روھنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى تولۇقلىنىدۇ. ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەم ئىبادەتكە ئىتائەت ۋە بۇيرۇق ئىجرا قىلىش دەپ قارىمايدۇ، بەلكى روھىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، ھوزۇر، ھالاۋەت ھاسىل قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى دەپ قارايدۇ.

ئىبادەت كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرىدۇ، غەملەردىن خالاس قىلىدۇ ۋە تىنچلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: ﴿وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ . فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُنْ مِنَ السَّاجِدِينَ . وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ **«بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز.**

**رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن. ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن»**[21]. پەيغەمبەرنىڭ نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە مۇئەززىن بىلالغا: «ئى بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن»[22] دەپ بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ناماز ئوقۇغان ئادەم كۆڭلىنى دۇنيالىق ئوي-پىكىرلەردىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىپ، ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلۋەتتە راھەتلىنىدۇ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەم-قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە: ﴿وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ﴾ **«سەۋر ۋە ناماز بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار»**[23] دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى سەۋر بىلەن نامازغا بۇيرۇغانلىقىنىڭ سىرى شۇكى، سەۋر ـ دىنىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، بۇ يولدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرىشتە، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشتا ئەڭ ياخشى مەدەتكار

21 ھىجر سۈرىسى: 97-، 99- ئايەتلەر.

22 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئاللامە ئەلبانىي «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

23 بەقەرە سۈرىسى: 45- ئايەت.

بولغىنىدەك، ناماز ئەڭ كۈچلۈك روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. ناماز بەزى كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئەمما بۇ ناماز دىلى ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن بېزەلگەن، چىن يۈرىكىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھالاۋەتتۇر ۋە راھەتتۇر. چىن قەلبىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان بۇ كىشىلەر ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ناماز، زاكات قاتارلىق بارلىق پەرزلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايدۇ ھەم كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن خۇشال قىلالايدۇ. شەكسىزكى، ناماز مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن خۇشاللىق ۋە ھالاۋەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**جُعِلَتْ قُرَّةُ عَيْنِي فِي الصَّلَاةِ**» «ناماز مېنىڭ خۇشاللىقىم قىلىندى»[24] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

24 «سنن أبي داود» 7- توم، 61-بەت، 3940- ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان، «المعجم الصغير للطبراني» 2- توم، 39-بەت، 741-ھەدىس.

## ئىبادەت يارىتىلىشنىڭ غايىسىدۇر

ئاللاھ تائالاغا ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ. مَا أُرِيدُ مِنْهُمْ مِنْ رِزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَنْ يُطْعِمُونِ﴾ **«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن»**[25]. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى: **«ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر»**[26] دېيىشتىن ئىبارەت بولغان. بىز كائىناتقا نەزەر سالساقمۇ، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن شەيئىيلەرنىڭ باشقىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ياكى ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن كائىناتتىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىرەر مەقسەت، بىرەر غايە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، مەقسەتسىز بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: سۇ يەر زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، زىرائەتلەر ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى

25 زارىيات سۈرىسى: 56 -، 57 - ئايەتلەر.

26 ئەئراف سۈرىسى: 59 – ئايەت.

ئۇچۇن، هايۋانلار بولسا ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ھەممە نەرسە پەقەت ئادەم ئۇچۇن يارىتىلغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا ئادەم كىم ئۈچۈن يارىتىلغان؟ شۈبھىسىزكى، ئادەم ئاللاھ تائالا ئۈچۈن يەنى ئاللاھ تائالانى تونۇپ ئۇنىڭغا خالىس ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسان يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ خوجايىنى. ئاللاھ تائالا ئۆزى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان ئەشۇ ئىنسانلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى تونۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ھەم ئىبادەت قىلىشنى تەلەب قىلىدۇ. ئىنسان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلۇغ مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىلغان تۇرۇپ، ئۆزىنى ياراتقانغا ئىبادەت قىلماستىن، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، كالا ئوت قاتارلىق نەرسىلەرگە چوقۇنسا بولامدۇ؟! ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ بىمەنىلىك بولامدۇ؟! شۈبھىسىزكى، ئادەملەرنىڭ مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يارىتىلغان ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى يوق قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەن نەرسىلەرگە قۇل قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۇچۇن ئىبادەت قىلىشقا ئۇنى ياراتقان ئاللاھتىن ئارتۇق بىرى يوقتۇر.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتنى «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى تەلەپ قىلغان بويىچە هايات كەچۈرسۇن، دەپ ياراتقان، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ هايات تەرىزىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇ تەلەپ قىلغاندەك ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغان» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىتائەت قىلسۇن ۋە مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنسۇن دەپ ياراتتىم»[27] دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، مۇشۇ تەپسىرنى كۈچلەندۈرگەن.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان هەرقانداق ئىبادەتنى ۋە هەرقانداق ئەمر-پەرماننى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارغا يېتەرلىك ئەقىل – ئىدراك ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇنداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىل ـ ئىدراكلىق قىلىپ ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە هايات

27 «تفسير الطبري» 22- توم، 444- بەت.

كەچۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە باغلىغان. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ غايە ئۈچۈن ياشىمىغانلىقى ئۇلارنىڭ شۇ غايە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىدىكى ھېكمەتكە زىت كەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر دورا مەلۇم كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان بولسىمۇ، بۇ خىل كېسەللەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئۇ دورىنى ئىستېمال قىلمىغانلىقى دورىنىڭ ياسىلىشىدىكى مەقسەتكە زىت كەلمەيدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى چۈشەنگەن قانۇن ــ پىرىنسىپ بويىچە ياشىسۇن، دەپ ياراتقان. شۇنداق ياشىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ. كىمكى ھاياتىنىڭ غايىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ــ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەت، ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت بولۇپ يېزىلىدۇ. چۈنكى بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق شۇ مۇئەييەن

ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويىدىغان بولساق، «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتتىكى يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز. مۇشۇ چەكلىك ئىبادەتلەر بىزنىڭ ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش يولىمىزدىكى مەنىۋى ئوزۇقلاردۇر. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يولغا چىققان يولۇچى يولنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش ئورۇنلىرىدا ماي قاچىلاپ مېڭىشقا موھتاج بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىنى تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى يولۇچىنىڭ غايىسى يولدا ماي قاچىلاش ئەمەس، بەلكى يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىش بولغاندەك، ئاللاھ يولىدا كېتىپ بارغان بىر مۇئمىننىڭ غايىسىمۇ ئاشۇ چەكلىك ئىبادەتلەرنىلا ئورۇنداش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارغۇچىلىك داۋام قىلىدىغان ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتۇر. شۇنداق قىلغاندا بىزنىڭ ھاياتىمىز ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ ۋە شۇ چاغدىلا

## ئىبادەت

بىز ئاللاھ تائالانىڭ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن سۆزىنىڭ تەقەززاسىغا لايىق ياشىغان بولىمىز.

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋى ئىبادەت، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

سىمۋوللۇق ئىبادەت ــ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرگە مەركەزلەشكەندۇر. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاسىتىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

مۇئامىلىۋى ئىبادەت ــ دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مۇئامىلە بىلەن ئەخلاققا مەركەزلەشكەندۇر، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر.

سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تەلەپ قىلسا، مۇئامىلىۋى ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# مۇئامىلىۋى ئىبادەت دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر

ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەقسىتى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. چۈنكى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر گۈزەل ئەخلاق سايىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. گۈزەل ئەخلاق دىنىنىڭ غايىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[28] دېگەن. بۇ مەنە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان:

ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىك مۇشرىك كۈچلەر مۇسۇلمانلارغا ھەر تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەرنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنى ئىسلامدىن يېنىشقا قىستاپ، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراتقان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئەقىدىسىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە) پاناھلىنىش ئۈچۈن بارغان ئىدى. ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىي ئۇلارغا: «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

28 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا-پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. بىزنى زىنا-پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى». دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ نېگىزى مانا مۇشۇلاردۇر.

## مۇئامىلىۋى ئىبادەت بىلەن سىمۋوللۇق ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە پەرقى

مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىڭ دەرىجىسى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ دەرىجىسىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە ساۋابى كۆپتۇر. چۈنكى ئىبادەتلەر ناماز، روزا، قۇرئان ئوقۇش، ھەج، ئۆمرە قىلىش دېگەندەك پايدىسى ئۇنى ئورۇندىغان كىشى بىلەنلا چەكلىنىدىغان ۋە پايدىسى باشقىلارغىمۇ يېتىدىغان ئىبادەتلەر دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. پايدىسى باشقىلارغىمۇ يېتىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ دەرىجىسى ئۇنى ئورۇندىغان كىشىگىلا بولىدىغان ئىبادەتلەردىن ئەلۋەتتە يۇقىرى، ساۋابى كاتتا بولىدۇ. چۈنكى نامازنىڭ پايدىسى ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ئەمما سەدىقىنىڭ ۋە راست گەپ قىلىشنىڭ پايدىسى باشقىلارغا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تۇل ئاياللارنىڭ ۋە يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر»[29]. شەكسىزكى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ

29 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەڭ ئەۋزەللى بولۇپ، مۇجاھىدلار جەننەتكە ھېسابسىز كىرىدىغان زاتلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شېھىتنىڭ قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[30] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىس مۇئامىلىدە دۇرۇس بولۇشنىڭ نەقەدەر كاتتا ئىبادەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش بىلەن بىرگە مۇئامىلىۋى ئىبادەتنى ئورۇنداشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «‹مەن ۋە يېتىمنى باققان كىشى جەننەتتە بىللىمىز› دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن»[31]. ھەدىستىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى قىلغان كىشىلەرلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەدىنى باشقا بىر ئىبادەت ئۈچۈن بەرمىگەن.

ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش دىللاردا ئۆچمەس سۆيگۈ ــ مۇھەببەت قالدۇرىدىغان كاتتا ئىش ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر، ئاللاھقا ئەڭ

30 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

31 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

يېقىملىق ئەمەل بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق كىرگۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋەياكى ئاچلىقىنى تويغۇزۇشتۇر. مەن ئۇچۇن بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى ئاللاھ قەدەملەر تېيىلىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[32]. ئاددىيسى، بىراۋغا تەبەسسۇم بىلەن ئوچۇق چىراي ئېچىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بۇ گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: «مۇئمىن قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[33] دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى جان- دىل بىلەن قىلىش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر

32 ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

33 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىلىش، يېتىملارنى بېشىنى سىلاش، قوشنىلارغا كەچۈرۈمچان بولۇش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش، راست سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەركىمگە سەمىمىي ۋە دۇرۇس بولۇش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

# مۇئامىلىۋى ئىبادەت بىلەن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەر تۈرلۈك ئىبادەتنى ئورۇنداش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغانلىقتىن، مۇئامىلىۋى ئىبادەت بىلەن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئورۇنداش پەرزدۇر. مۇناسىۋەت ئېتىبارى بىلەن مۇئامىلىۋى ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاسىتىدۇر. چۈنكى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

1. ناماز بىزنى يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾ **«ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ»**[34]. چۈنكى ھەقىقىي مەنىدە ئوقۇلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان ناماز ئوقۇغۇچىسىنى چوقۇم گۇناھ ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ئەلۋەتتە توسىدۇ.

2. روزا بىزنى تەقۋالىقتا ئېرىشتۈرىدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ﴾ **«ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىقتا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا**

34 ئەنكەبۇت سۈرىسى: 112- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»**[35]. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تۇتۇلغان روزا تەقۋالىقتىن ئىبارەت كاتتا خىسلەتكە ئەلۋەتتە ئېرىشتۈرىدۇ.

3. زاكات بىزنى گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. **﴿خُذْ مِنْ أَمْوَٰلِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»**[36]. چۈنكى قوبۇل بولغان زاكاتنىڭ ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاش، ئۇنى مەردلىك، سېخىيلىق دېگەندەك گۈزەل خىسلەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش رولى بار.

4. ھەج بىزگە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگىتىدۇ. **﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ﴾ «ھەج (ۋاقتى) مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل –**

35 بەقەرە سۈرىسى: 183- ئايەت.

36 تەۋبە سۈرىسى: 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ»**[37]. چۈنكى ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى مىليون ئادەم بىر يەرگە توپلىنىپ ئىبادەت قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىدە سەۋرچانلىق ۋە كەچۈرۈمچانلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىشتۈرەلەيدۇ.

5. قۇرئان ئوقۇش ئىمانىمىزنى كۈچەيتىدۇ.) ﴿**إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ**﴾ «**ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر»**[38]. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلىپ ۋە مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇغان ئادەم ئەلۋەتتە بۇ ئارقىلىق ئىمانىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ.

---

37 بەقەرە سۈرىسى: 197- ئايەت.

38 ئەنفال سۈرىسى: 2- ئايەت.

## سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ

مۇئامىلىۋى ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ئۇ ھېچقانداق مال-مۈلكى بولمىغان كىشىدۇر» دېيىشكەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[39] دېگەن.

بۇ ھەدىستە سىمۋوللۇق ئىبادەت بىلەن مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى

39 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەرق ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىقلار سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر؛ باشقىلارنى تىللاشتىن، تۆھمەت چاپلاشتىن، بىراۋنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىشتىن ۋە قان تۆكۈشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن يەنە مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىسا سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقى ئىبادىلىنىدۇ. چۈنكى ناۋادا بىراۋ سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنى جايىدا ۋە مۇكەممەل ئورۇندىغان بولسىمۇ، مۇئامىلىۋى ئىبادەتكە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئورۇندىغان سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىسىنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە مۇكاپاتىنى ئالالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

# 1. ناماز

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بىلىمەن. ئۇلار قىيامەت كۈنى تىھامە تاغلىرىدەك كاتتا ۋە كۆپ ياخشى ئەمەللەر بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىدۇ» دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگەيلا، بىز ئۇلاردەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىلىۋالايلى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنداشلىرىڭلار ۋە سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىندۇر. ئۇلارمۇ كېچىلەردە سىلەرگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ، لېكىن يالغۇز قالغاندا ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ»[40].

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلار: زىنا قىلىش، ھارام يېيىش، جازانە قىلىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، يالغان

40 ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىق چوڭ گۇناھلاردىن باشقا، قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىش، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، يولدا كىشىلەرگە يول بەرمەسلىك، پەرزەنتلىرىگە ۋە جورىسىغا قوپاللىق قىلىش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردۇر.

# 2. روزا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يالغان گەپنى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ تۇتقان روزىسىغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق»[41]. يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ روزىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەدىس غەيۋەت، يالغان گەپ، ئەزىيەت قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋەتكەن كىشى توغرۇلۇق كەلگەن بولۇپ، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر، روزا تۇتۇش سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كەتكەن.

41 ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# 3. زاكات

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلۡ أَنفِقُواْ طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمۡ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ﴾ **«ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل-مال) سەرپ قىلىپ كېتىشىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمسىلەر»**[42]. چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە، ھەربىر گەپ-سۆزدە، ۋە ئىش-ھەرىكەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ دۇرۇسلۇق بىلەن ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالماستىن، قىلىنغان سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ بەرگەن سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

---

42 تەۋبە سۈرىسى: 3- ئايەت.

# 4. ھەج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ھارام پۇلنى چىقىم قىلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، <لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ> (ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھازىر بولدۇم) دېگەندە، ئاسماندىن بىر چاقىرغۇچى ندا قىلىپ: ‹ھازىر بولمىدىڭ، بەختىڭگە ئېرىشەلمىدىڭ ۋە قىلغان ھەججىڭ قوبۇل ئەمەس› دەيدۇ»[43]. ھەج سىمۋوللۇق ئىبادەت، ھارامدىن پۇل تېپىش مۇئامىلىۋى ئىبادەت، مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسى بولمىدى.

43 بەزى ئۆلىمالار «ئاجىز ھەدىسلەر» قاتارىدىن سانىغان، ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي «سەھىھ» ھەدىسلەر قاتارىدا بايان قىلغان.

# 5. دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى-بېشىنى چاڭ-توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم، ئى رەببىم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن-ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن!؟»[44]. ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ھالالدىن يېيىش، ھالالدىن ئىچىش ۋە ھالالدىن كىيىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر؛ دۇئا قىلىش بولسا سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، مۇئامىلىۋى ئىبادەت بولغان ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەت بولغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان.

44 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر بىزنى ئىزچىل ئاللاھقا باغلاپ تۇرىدۇ

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىلا قىلغان ئادەم شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان چاغدىلا ئاللاھ تائالاغا باغلانسا، ھاياتىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنى قىلغان ئادەم ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا باغلىنىپ تۇرغان، ھاياتىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا تەرەپكە كېتىپ بارغان ئۇزۇن سەپەردۇر، سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر بولسا شۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئوزۇقىدۇر. خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان ئادەم سەپىرى جەريانىدا يول بويىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىن ماشىنىسىغا ماي قاچىلاپ مېڭىش ئارقىلىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالىغاندەك، ھاياتىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتاپ يولغا چىققان ھەربىر مۇئمىن ئادەم ناماز، زاكات، روزا، ھەج، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش دېگەندەك سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئورۇنداش ئارقىلىق بۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئىبادەت سەپىرىنى غەلىبىلىك ھالدا داۋاملاشتۇرالايدۇ.

دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلىسى ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر بىر كۈندە بەش قېتىم ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر كېچە - كۈندۈزنىڭ يىگىرمە تۆت سائىتىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، بەزى كىشىلەر ۋاقتى بەلگىلەنگەن شۇ مەلۇم ئىبادەتلەرنى قىلىش بىلەنلا ئۆزلىرىنى بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار شۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتىدىلا ئاللاھ بىلەن بولسا، باشقا ۋاقىتلاردا ئاللاھنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، بىرىنى ئالداش، بىرىگە ئەزىيەت قىلىش، بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، يەنە بىرىگە يالغان ئېيتىش ئارقىلىق گۇناھ - مەئسىيەت سادىر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار كېچە _ كۈندۈز ئىچىدىكى 24 سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە بەش قېتىملا ئاللاھ بىلەن بولىدىغان، باشقا ۋاقىتلاردا كۆپرەك شەيتان ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى بىلەن بولۇپ قالىدىغان كىشىلەردۇر.

ئەمدى 24 سائەت ئاللاھ بىلەن بولىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەن، مۇئمىن

ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ۋاقتى بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاياتىنىڭ ھەربىر سائىتىدە، ھەربىر مىنۇتىدا ۋە ھەربىر سانىيەسىدە ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، قانداقلا بىر ئىشنى قىلسا ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇنى كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەربىر سانىيەسىدە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمىغانلىقتىن، ھاياتىنى ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن قانۇن - پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، ھەقسىزلىق ياكى زۇلۇم قىلمايدۇ، ھەمىشە توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئىبادەت بىلەن تولغان ھايات بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ تەرىقىدە ئىبادەت قىلغۇچىلارغا، يەنى ھاياتىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرغۇچىلارغا گۈزەل ۋەدىلەرنى قىلغان. ﴿**وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ**﴾ **«ئاللاھ**

ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[45].

45 نۇر سۈرىسى: 55- ئايەت.

# ئىبادەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر مېنى ئېشىككە مىندۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇ ماڭا: ‹ئى مۇئاز! ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى نېمە ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟ بۇلارنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن : ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلىشى، بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمىگەن بەندىسىنى ئازابلىماسلىقىدۇر› دېدى»[46]. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى ھەقىقەتەن كۆپتۇر. ﴿وَإِنْ

46 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

**تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر»**[47].

بۇ نېمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ھەر قانداق ئەقلى بار ئىنساننى نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىنساننىڭ زاتىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ نېمەتلىرىنى ئالساقمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە شۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ:

1 . ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە گۈزەل ۋە چىرايلىق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

2 . ئىنسان ئورگانلىرىنى ئەيىب -نۇقسانلاردىن سالامەت قىلىپ ياراتقان نېمىتى .

3 . ئىنسان ئورگانلىرىنى قوللىنىشقا يۇمشاق ۋە ھەر ئىشقا يارامىلىق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

4 . ئەقىل بەرگەنلىك نېمىتى.

5 . كۆرىدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

6 . سۆزلەيدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

7 . ئاڭلايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

---

47 ئىبراھىم سۈرىسى: 34 - ئايەت.

8 . لەززەتلەرنى تېتىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

9 .خۇشبۇيلارنى پۇرىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى .

10. تەپەككۇر قىلىپ ئويلىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

11 . بارچە مەخلۇقاتنى خىزمەتلىرىگە سالالايدىغان خوجايىنلىقنى بەرگەنلىك نېمىتى .

12 . كۆندىلىك تازا يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئاتا قىلىپ، ئوزۇقلاندۇرغانلىق نېمىتى.

13 . ئىنساننى كائىناتتىكىلەردىن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىق نېمىتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ ئىنسانغا بېرىلگەن سانسىز نېمەتلەر ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىنى لازىم قىلىدۇ ئەمەسمۇ ؟!

ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئىنساني مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ.

شۈنچىلىك سانسىز ۋە ھېسابسىز

نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئىگىسى ــ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئىنساننى قانداقمۇ ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟!

# ئىبادەتنىڭ ئىمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىبادەت بىلەن ئىمان ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئىبادەت بىلەن ئىمان بىللە بايان قىلىنغان. چۈنكى ئىبادەت ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ﴾ **«ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ»**[48] يەنى ئىبادەت ئىماننى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرىدۇ، دېگەنلىك. ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەمەل ئىبادەتتۇر. ئىمان ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر. شۇڭا ئىمانسىز كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. بىراق ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. قۇرئان كەرىم بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى

48 فاتىر سۈرىسى: 10-ئايەت.

ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[49]. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايتتى، بۇتلارغا چوقۇناتتى، (لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللّٰهُ) «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشقا ئۇنىمايتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى ۋە تەقەززاسىنى زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلاردىنمۇ ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى بۇ كەلىمە ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداشنى، ئىبادەتنى ۋە دۇئانى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

49 زۇمەر سۈرىسى: 38-ئايەت.

# ئىبادەتنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

گۈزەل ئەخلاقتا ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي تەھەججۇد ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[50] دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاق ئىبادەتتىن قىممەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[51] دېگەن ھەدىسى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن ماختىغان. مەسىلەن: مۇئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

**﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق**

50 ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى.

51 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

مۆئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر». بۇ ئىبادەت.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾ «ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ﴾ «ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر». بۇ ئىبادەت.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَامَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُوْنَ﴾ «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾

**«نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەلەپكە لايىق ئادا قىلغۇچىلاردۇر».**[52] بۇ ئىبادەت.

«قۇرئان كەرىم» يەنە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. مەسىلەن: فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا﴾ **«رەھمان تائالانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى، زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆز قىلسا، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (ۋە ئۇز يولىغا داۋام قىلىدۇ)».** بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا﴾ **«ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ».** بۇ ئىبادەت.

﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا﴾ **«ئۇلار: ‹رەببىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئازابى (كاپىرلاردىن) ئايرىلمايدۇ. ئۇ**

52 مۇئمىنۇن سۈرىسى: 1-، 9- ئايەتلەر.

**ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇ» دەيدۇ». بۇ ئىبادەت.**

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا﴾ **«ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرھال يول تۇتىدۇ».**[53] مانا بۇ ئەخلاق.

53 فۇرقان سۈرىسى: 63-، 67- ئايەتلەر.

# ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

**ھەرقانداق ئەمەل – ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى چوڭ شەرت بار. ئۇلار:**

1. ئەمەل- ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىش. بۇ شۇنى نىيەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. نىيەت ـ دىلدىكى مەقسەت دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل - ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش نىيىتى بىلەن قىلىش شەرتتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن دېمەكچىمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولماي، باشقا بىر مەقسەت بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەل – ئىبادەت بىكاردۇر. مەسىلەن: ئىبادەتنى دۇنيالىق مەنپەئەتنى ياكى يۈز-ئابرۇي تېپىشنى كۆزلەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولمىغانغا ئوخشاش. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن قىلىنمىغان ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. ﴿**وَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ**﴾ «**ئاللاھقا يۈزلىنىڭلار، تائەت - ئىبادىتىڭلارنى (رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلغان ھالدا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار**»[54] ، ﴿**إِنَّا أَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللَّهَ مُخْلِصًا لَهُ الدِّينَ**﴾ «**(ئى پەيغەمبەر!)**

---

54 ئەئراف سۈرىسى: 29-ئايەت.

**شەكسىزكى، ساڭا بىز ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتابنى نازىل قىلدۇق،سەن دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىپ ئىبادەت قىلغىن»[55] ﴿هُوَ الْحَيُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!»**[56]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {إِنَّما الأعْمَالُ بالنِّيات، وإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِىءٍ ما نَوَى} «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[57]. خۇددى «ساختا پۇل بانكىدا ئۆتمىگەنگە ئوخشاش، ئىخلاسسىز ئەمەل - ئىبادەتلەرمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ»[58].

2. ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش. قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئۆگىتىلگەن ئۇسۇل ۋە قائىدىلەرگە ئۇيغۇن

---

55 زۇمەر سۈرىسى: 2- ئايەت.

56 غافىر سۈرىسى : 65 ـ ئايەت ،

57 بۇخارى رىۋايىتى.

58 مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى» ناملىق ئەسىرىدىن.

كەلىمىگەن ھەرقانداق ئەمەل – ئىبادەت بىكاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا**﴾ **«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»**[59]. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: {صَلُّوا كَمَا رَأَيْتُمُونِي أُصَلِّي} «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[60] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە{خذوا عني مناسككم} «مەندىن ھەج قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار»[61]دېگەن. ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى ئەمەل -ئىبادەتنى بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەل -ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[62] دەپ كۆرسەتكەن.

59 ھەشر سۈرىسى: 7- ئايەت.

60 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

61 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

62 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ مۇھىملىرى

## ناماز

ناماز ـ «سالات» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ پارسچىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇ بويىچە ئومۇملاشقان.

ناماز ئىسلام ئاتالغۇسىدا: مەخسۇس كەيپىيات ۋە مۇئەييەن ھەركەتلەر بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەتەن ناماز ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىچ باغلىنىش نۇقتىسىدۇر.

ناماز پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر. گەرچە شەكلى ۋە ئوقۇلۇش تەرتىپلىرى ئىسلام دىنىدىكى نامازغا ئوخشىمىسىمۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ناماز پەرز قىلىنىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ﴿إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلاَةَ لِذِكْرِي﴾ **«ھەقىقەتەن مەن، پەقەتلا مەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، ماڭىلا قۇللۇق قىلغىن، مېنى ياد**

**قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»**[63].

ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئىسرائىل ئەۋلادى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ..﴾ **«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق»**[64].
ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾ **«نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، (ئاللاھقا) رۇكۇ قىلغۇچىلار بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»**[65].

63 تاھا سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

64 بەقەرە سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

65 بەقەرە سۈرىسى: 43-ئايەت.

## نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ناماز ـ ئىماندىن كېيىنلا مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئاۋۋال بۇيرۇلغان ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە ئۇلۇغلۇقىغا يېتەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئىبادەت يوقتۇر. چۈنكى ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى نامازدۇر»[66]. ناماز قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان بىردىنبىر ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارغا دىندا ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلىنغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر»[67].

---

66 تىرمىزى رىۋايىتى.

67 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

# نامازنىڭ پەرزلىكى

ھەر قانداق بالىغ، ئاقىل بولغان مۇسۇلمان كىشىگە كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر. ﴿إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ كِتَابًا مَّوْقُوْتًا﴾ **«شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»**[68]. مۇسۇلمانلار مەيلى ئۆز يۇرتىدا ياكى سەپەردە بولسۇن، مەيلى ئوڭۇشلۇقتا ياكى قىيىنچىلىقتا بولسۇن، مەيلى ئامانلىقتا ياكى جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، نامازنى چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان. ﴿حَافِظُوا عَلىَ الصَّلَواَةِ وَالصَّلاَةِ الوُسْطىَ وَقُوْمُوا لله قَانِتِيْنَ. فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجاَلاً أو رُكْباَناً﴾ **«نامازلارنى، بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك ۋە ئەيمىنىش بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، (نامازلىرىڭلارنى) پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئادا قىلىڭلار»** [69]. يەنى قورقۇنچلۇق ھاللاردىمۇ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ، قاتناش قوراللىرى ئۈستىدىمۇ، ئىما - ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ، ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار دېگەنلىكتۇر.

68 نىسا سۈرىسى 103 - ئايەت.

69 بەقەرە سۈرىسى 238 -، 239 - ئايەت.

# زاكات

زاكات-لۇغەت ئېتىبارى بىلەن پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا زاكات-مەلۇم مىقداردىكى پۇل-مالنى تېگىشلىك بولغان شەخسلەرگە بېرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. زاكات قول ئىلكىدە بار كىشىلەردىن ئېلىپ جەمئىيەتتىكى مۇھتاج كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەتتۇر.

## زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

زاكات – ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئىماندىن قالسا ئەڭ ئالدىنقى پەرز ناماز بولسا، نامازدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت زاكاتتۇر. ئاللاھ تائالا قول ئىلكىدە بار مۇسۇلمانلارغا زاكاتنى پەرز قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ **«(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلاردىن ۋە بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن) پاكلىغايسەن، (ياخشىلىقلىرىنى، پۇل _ ماللىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»**[70].

---

70 تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت.

## ئىسلام نەزىرىدە پۇل - مالنىڭ ماھىيىتى

ئىنسانلار قانچىلىك كۆپ پۇل ـ مال ئىگىسى بولۇپ كەتسۇن ۋە پۇل-مالنى قانچىلىك جاپا -مۇشەققەت بىلەن ئىشلەپ تاپقان بولسۇن، ئۇلار ئۇنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇنى ئامانەت سۈپىتىدە ئىشلەتكۈچىلەردۇر. چۈنكى پۇل ـ مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ۋە ئاتا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر. ﴿لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ الثَّرَى﴾ **«ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر»**[71].

71 تاھا سۈرىسى 6- ئايەت.

# ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ قىممىتى

ئىسلام دىنىمىز كىشىلەرنى ئىشلەپ باي بولۇشقا ۋە پۇل-مالنى توغرا يولغا ئىشلىتىشكە، نامراتلىقتىن ۋە ھورۇنلۇقتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. دىنىمىز مۇسۇلمانلارغا ئىشلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئىشلىگەننىڭ شەنىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن يېگانە دىندۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقئارالىق رىقابەتكە دادىل كىرىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى نامايان قىلىش يولىدا ئىشلەشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى **«ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»**[72] دەپ كۆرسەتكەن.

72 نەجم سۈرىسى 39- ئايەت.

# روزا

روزا — لۇغەتتە: ئۆزىنى بىر نەرسىدىن مەنئى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن يېمەك- ئىچمەك ۋە جىنسىي ھەۋەستىن ئۆزىنى مەنئى قىلىشتۇر.

# روزىنىڭ ھەقىقىتى

روزىنىڭ ھەقىقىتى ـ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مەنئى قىلغان: جېدەل-ماجىرا قىلىش، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، كىشىلەرنى ئالداش ۋە باشقىلارغا ئازار قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ **«مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار (بۇ ئارقىلىق تەقۋالىق مەرتىۋىلىرىگە يۈكسىلىشىڭلار) ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان) روزىسى پەرز قىلىندى»**[73]. يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئەقىل-ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالايدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

73 بەقەرە سۈرىسى 183- ئايەت.

# گۇناھ بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا راۋا كۆرمەيدىغان يامان ئىشلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق روزىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، روزا تۇتتۇم دەپ بىھۇدە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەردى چەككىنىگە ھېچقانداق ساۋاب تاپالمايدىغان ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشى ناھايىتى زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇخىل كىشىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر روزا تۇتتۇق دەپ ئۆزلىرىنى بىھۇدە ئاچ قويغان بولۇپ، تۇتقان روزىسىدىن ھېچقانداق ساۋاب تاپالمايدۇ»[74]. يەنە بىر ھەدىستە:«روزا تۇتتۇم دەپ يالغان سۆزلەشنى ۋە كىشىلەرنى ئالداشنى تەرك ئەتمىگەن كىشىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى تەرك ئەتكىنىگە ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوقتۇر»[75]. يەنى: روزىدا يالغان سۆزلەش، كىشىلەرنى ئالداش قاتارلىق ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلاردىن تۇسالماي تۇرۇپ، يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن توسالغانلىق روزا تۇتقانغا ياتمايدۇ ۋە بۇنداق روزىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

---

74 ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

75 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ھەج

ھەج-لۇغەت ئېتىبارى بىلەن مەقسەت قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەجنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا مەككىگە بېرىپ، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە، ئەرەفاتتا تۇرۇش، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيى قىلىش قاتارلىق مەخسۇس پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

تەن سالامەتلىك، يول ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردىن ھەج سەپىرىگە چىقىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرگە ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرزدۇر. ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا﴾ **«قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ كەئبىگە (كېلىپ) ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر»**[76]. ھەج پەرزىنى ئادا قىلماقچى ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولغان ئادەم بۇ سەپەر ئۈچۈن ھالالدىن تاپقان پۇل-مال ئىشلىتىشى لازىم. ئەكسى ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ھەججىسى ياكى ئۆرەسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ.

---

76 ئال ئىمران سۈرىسى: 97-ئايەت.

## ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. چۈنكى ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئىقتىسادىي ھەم جىسمانىي ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. ئۇ پۇل – مال سەرپ قىلىش، سەپەر ئۈستىدە رىيازەت چېكىش، جاپا – مۇشەققەت تارتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

ھەج بىلەن ئۆمرە گۇناھلارنىڭ، خاتالىقلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىغا، رازىلىقىغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھەم ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كىمكى گۇناھ ئىشلىمەستىن ۋە يامان سۆز قىلماستىن ھەج قىلىدىكەن، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ قايتىدۇ»[77].

---

77 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# دۇئا

دۇئا ـ لۇغەتتە چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى تىلەش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿**ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ**﴾ «**ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارغا جاۋاب بېرىمەن**»[78] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

78 غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

## دۇئانىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى

دۇئا خالىساق قىلىپ، خالىمىساق قىلمىساقمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئا - ئىبادەتتۇر»[79] دەپ كۆرسەتكەن.

مەلۇمكى، ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتمەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئۇلۇغ ھالدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ياردىمىگە بولغان زور ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ھالدا، تولۇق ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

---

79 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

# دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا دۇئادىن يېقىملىق نەرسە يوقتۇر»[80] دەپ كۆرسەتكەن. دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

80 ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## قۇرئان ئوقۇش

قۇرئان ئوقۇش ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «**قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانە – دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن**»[81] دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قۇرئان ئوقۇغۇچىلار، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ»[82]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. «ئەلىف، لام، مىم» نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىر ھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر»[83].

81 مۇززەممىل سۈرىسى 4-ئايەت.

82 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

83 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

# تەۋبە-ئىستىغفار

تەۋبە-سادىر قىلىنغان گۇناھلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، ھەقىقىي تۇردە توغرىلىققا قايتىش، دېمەكتۇر. ئىستىغفار-ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سوراش، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم تىلەش ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاسْتَغْفِرِ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ **«ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر»**[84].

84 نىسا سۈرىسى: 106-ئايەت.

## تەۋبە-ئىستىغفارنىڭ پايدىسى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا . يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا . وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا**﴾ **«رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»**[85]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى تەۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[86].

85 نۇھ سۈرىسى: 10-، 12- ئايەتلەر.

86 ئىمام ئەھمەدنىڭ «مسند الإمام احمد» ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2234- ھەدىسى.

# زىكىر

زىكىر ـ لۇغەتتە: بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىش، ياد ئېتىش ۋە خاتىرىلەش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ۋە ئۇنىڭ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآَصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ «رەببىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن هالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن»**[87].

87 ئەئراف سۈرىسى 205- ئايەت.

# زىكىرنىڭ تۈرلىرى

زىكىر ـ تىل، دىل، ئىش ـ ھەرىكەت، مۇئامىلات ۋە ئېتىقاد بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

1. تىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر – قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشتۇر. **«ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرام(مۇزدەلىفە) دە ئاللاھقا زىكىر ئېتىڭلار ۋە ئۇنى ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ياد ئېتىڭلار»**[88]. بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقتىن، تىل بىلەن زىكىر ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2. دىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر – ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە نېمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

دىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر مۇنۇ ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ: **«شۈبھىسىزكى،**

---

88 بەقەرە سۈرىسى 198- ئايەت.

**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ»**[89].

3. ئىش - ھەرىكەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر – ناماز ئوقۇش، ھەج - ئۆمرە قىلىش، جىھاد قىلىش، ئاتا- ئانىنىڭ، ۋەتەننىڭ، دىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ياشانغانلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش قاتارلىقلاردۇر. ئىش - ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان زىكىرنىڭ مىساللىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ناھايىتى كۆپتۇر. قىسقىسى، بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىش _ ھەرىكەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

4. ئىقتىساد بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر –ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، زاكات پەرزىنى ئادا قىلىش، سەدىقە

89 ئال ئىمران سۈرىسى 190، 191- ئايەتلەر.

بىرىش، يوقسۇللارغا ماددىي ياردەم قىلىش، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىقلاردۇر. **«پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل – مالدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ»**[90].

---

90 ئەنفال سۈرىسى2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر.

# مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىڭ مۇھىملىرى گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ئىبادەتتۇر. شۇڭا گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىدە، ھەربىر سۆزىدە ۋە ھەربىر مۇئامىلىسىدە چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»[91]. يەنە: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[92] دەپ كۆرسەتكەن.

بىز گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئورۇندىغان ھەربىر ئەمەلىمىز، قىلغان ھەربىر سۆزىمىز ۋە ھەربىر مۇئامىلىمىزدە ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىمىز. چۈنكى يۇقىرىقى ھەدىس بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[93]

91 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

92 ئىمام تىرمىزى، ئىبن ماجە رىۋايىتى

93 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

دېگەن سۆزى دىنىمىزنىڭ غايىسى گۈزەل ئەخلاقتا مەركەزلەشكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا گۈزەل ئەخلاقنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت دېسەك قىلچە مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز.

## سۆيگۈ-مۇھەببەت

ئائىلىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە سۆيگۈ- مۇھەببەتلىك بولۇش ۋە ئۇنى ئىپادىلەش ئىبادەتتۇر. چۈنكى بىزنىڭ ئۈلگىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە: «سىلەر بىراۋنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ قويۇڭلار»[94] دەپ بۇيرۇغان. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ئىبادەتتۇر. بىراۋنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۇنى سۆز بىلەن بىۋاستە ئېيتىشتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، بۇ ئارىدا يېنىمىزدىن بىر ئادەم ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئارىمىزدىن بىرەيلەن: ‹مەن ئاشۇ ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن› دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟› دېدى. ئۇ: ‹ياق› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغىن› دېدى.

94 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ: ‹مەن سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن› دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹سەن مېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئىكەنسەن، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرگەي!› دېدى»[95].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇنداق ئېنىق ۋە روشەن تەلىماتى بار تۇرۇقلۇق، كۆپلىگەن كىشىلەر ئائىلە ئەزالىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋە بارچە يېقىن كىشىلىرىنى شۇنچە بەك ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارغا بۇ سۆيگۈسىنى ئىبادىلەشكە، «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئېيتىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ياكى دېيىشتىن خىجىل بولىدۇ. نەتىجىدە، مۇشۇنداق مۇھىم بىر سۈننەتنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىيالمايدۇ. كاشكى بىز جورىمىزغا: «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئېتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان زور خۇشاللىققا ۋە سائادەتكە تولدۇرىغانلىقىمىزنى بىلگەن بولساق. پەرزەنتلىرىمىزگە «ئوغلۇم! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن»، «قىزىم! مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن يېقىملىق سۆزنى دېيىشكە بېخىللىق قىلىپ ياكى تارتىنىپ دېمىگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ

95 ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

سۆزنى ئۇلارغا باشقىلار دېيىشى مۇمكىن. پەرزەنتلىرىمىز بىزدىن ئاڭلىمىغان بۇنداق چىرايلىق سۆزنى كوچىدىكىلەردىن، ھەتتا يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن، ئىپپەت-نومۇس ئاۋۇچىلىرىدىن ئاڭلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشى ياكى ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار: «مېنى ئائىلەمدىكىلەردىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغانلار بار ئىكەن» دەپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

# راستچىللىق

راستچىل بولۇش ۋە راست سۆزلەش ئىبادەتتۇر. شۇڭا راست سۆزلىگەن ۋە راستچىللىقنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىۋالغان ئادەم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. راستچىللىق پەيغەمەرلەرنىڭ خىسلىتى ۋە ئۇلگىلىك كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا﴾ «قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى»[96]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، راست سۆزلەپ، ھەمىشە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹راستچىل بەندە› دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ، يالغان ئېيتىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹يالغانچى› دەپ يېزىلىدۇ»[97]. بۇ ھەدىستە راستچىللىق جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىقنىڭ تۈرتكىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

96 مەريەم سۈرىسى: 41- ئايەت

97 ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، بەرگەن سۆزدە تۇرۇش ئىبادەتتۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش تۈزكورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۇنيادا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان، ھەركىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان قىممەتلىك نەرسە. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾ **«ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر»**[98]. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشنى قىلىش ئىبادەت قىلغانلىق، ئۇنى ئورۇنداشتىن باش تارتىش ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر.

98 ئىسرا سۈرىسى: 34- ئايەت

## ۋاقىتقا رىئايە قىلىش

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقىتنى چەكلەپ تۇتۇش ۋە ھەر ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا مۇئمىن ئادەمنىڭ ھاياتى ئىبادەت سەپىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇنۇ سۈرىنى نازىل قىلغان: **«زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ»**[99].

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسى بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن زامان (يەنى ۋاقىت) بىلەن قەسەم قىلدى. ئىنسان ئەمەلىيەتتە زاماننىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆمرى كۈنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن

99 ئەسر سۈرىسى.

ھەربىر كۈن ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ (ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر) دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ۋاقىت ئىنساننىڭ دەسمايىسى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتى، جەننەتنى قازىنىدىغان سەرمايىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر لەھزە، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سائەت ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي زىياندۇر. تىجارەتتىكى ھەقىقىي زىيان تىجارەتكە سالغان دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولغاندەك، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي زىيان ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىز، بىكارغا ئۆتۈپ كېتىشىدۇر. شۇڭا ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەللەر بىلەن، بىر-بىرىگە ھەقىقەتنە چىڭ تۇرۇشنى، بۇ يولدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىنسان زىياندىن مۇستەسنادۇر»[100]. چۈنكى، بۇنداق ئىنسان ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلانغان ۋە ھاياتىنى يۇقىرىقى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك ئىنساندۇر.

100 «تأملات في الإسلام» للدكتور محمد راتب النابليسي 71-بەت.

# ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش

ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا . وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا. رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا﴾ **«رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. رەببىڭلار**

**دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى،) ئاللاھ يامانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، تەۋبىگە يۈزلەنگەنلەرنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچىدۇر»**[101].
شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرى ئىبادەتتۇر، ئورۇندىغانلار ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

101 ئىسرا سۈرىسى 23 ـ، 25 ـ ئايەتلەر.

# باللارنى تەربىيەلەش

باللارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تەربىيەلەش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىبادەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئەسكەتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ**﴾ **«ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار»**[102]. ئۆزىمىزنى ۋە بالىچاقىمىزنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاشنىڭ يولى ئۆزىمىزنى ۋە ئۇلارنى ئىسلام ئاخلاقى بىلەن تەبىيەلەشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشنى ئورۇنداش ئىبادەتنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيەلەش يولىدا سەرپ قىلغان ئەمگىكىمىز، ۋاقتىمىز، ئەقىل-پىكرىمىز ۋە ئىقتىسادىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى قازىنىمىز.

بالا ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا - ئانا ئۈستىدىكى ئامانىتى. بۇ ئامانەتنى ياخشى ساقلىغان ۋە ئوبدان تەربىيەلىگەن ئاتا-ئانا ئەلۋەتتە كاتتا ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە

102 تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت.

ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. مايىل قىلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. نېمىگە ئۆگىتىلسە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ.

## كۆيۈمچانلىق

بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىمىز، ھايۋان، ئۇچارقانات قاتارلىق ھەربىر جان ئىگىسىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشىمىز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغانلىقىمىزدۇر. چۈنكى كۆيۈمچانلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ قانۇنى ۋە بارچە مەخلۇقاتقا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر. شۇڭا يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق جانلىق ئۆز ئارىسىدىكى كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە ئاسرىلىش بىلەنلا ھاياتىنى بىخەتەر داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئىنسانلار بولسا كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە رەھىم-شەپقەت بىلەن بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. كۆيۈمچانلىق بار يەردە مېھىر-مۇھەببەت بولىدۇ. بىز ئۆز ئارىمىزدا كۆيۈمچانلىقتا، ھەرقانداق جان ئىگىسىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشتا بۇيرۇلدۇق. مەپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ناھايىتى تولۇق ئىپادىلەپ: «كۆيۈمچانلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ ئۆزىنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات (ئاللاھ) سىلەرگە رەھىم -

شەپقەت قىلىدۇ»[103] دېگەن. يەنە «ئاللاھ بەندىلىرىدىن پەقەت رەھىم - شەپقەتلىك بولغانلىرىغىلا رەھىم قىلىدۇ»[104] دېگەن.

103 تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

104 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

# ئادىللىق

ئادىللىق – ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كەم - زىيادە قىلماستىن بېرىشتۇر. ھەرقانداق بىر ئىشتا ئادىللىق قىلىش ۋە بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ﴿اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ **«ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»**[105]. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئىبادەتتۇر. ئادىللىق قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىي، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر.

105 مائىدە سۈرىسى: 8- ئايەت.

# تەبەسسۇم قىلىش

شەكسىزكى، كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلىش ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىبادەت بولغاندىن تاشقىرى ئۇ كۆڭۈللەرنى خۇشال قىلىدىغان، دىللارغا ھۇزۇر ۋە بەخت-سائادەت بېغىشلايدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مۇئمىن قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[106] دەپ كۆرسەتكەن. مەلۇمكى، سەدىقە بېرىش ئىبادەت بولغانىدەك، قىلسا ساۋاب بولىدىغان ھەرقانداق ئىش ئەلۋەتتە ئىبادەتتۇر. تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ نېمەتتىن پايدىلىنىش ئەڭ ئاۋۋال ئائىلە ئەزالىرىمىزنىڭ ھەققىدۇر. بىز تەبەسسۇم قىلىپ سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، جورىمىزنى، پەرزەنتلىرىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى قويۇپ، تالادىن «مۇئمىن قېرىنداش» ئىزدەيمىزمۇ؟ مۇشۇلار «مۇئمىن قېرىنداش» ئەمەسمۇ؟.

---

106 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

# خاتالىق سادىر قىلغاندا كەچۈرۈم سوراش

ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ كەچۈرۈم سوراش ئىبادەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[107]. يەنى ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئىنسانلار بىلىپ، بىلمەي گۇناھ قىلىپ ھالىدۇ، ئائىلىسى ياكى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويىدۇ. بۇ چاغدا، خاتالاشقۇچى ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا ۋە كىشىلەر ھەققىدە سىدىر قىلغان خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم سوراشقا موھتاج بولىدۇ. كەچۈرۈم سوراش ھەرگىزمۇ ئۆزىنى چۈشۈرگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مەرتىۋە قازانغانلىقتۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەدىسنى ئاللاھ تائالانىڭ «قىل»، «قىلما» دېگەن ئەمرىگە قارشى سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە

107 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلىش دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، ئىنسانلار ئوتتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويمايدۇ. ھالبۇكى، خاتالىق ۋە گۇناھ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتۇر. بۇنىڭ تەۋبىسى ئۆز گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش، قايتا سادىر قىلماسلىقىقا بەل باغلاش ۋە ئۇنى توختىتىش بىلەن بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىنسانلارغا قارىتا سادىر قىلىنغان يامانلىق، خاتالىق ۋە ئۇقۇشماسلىق قاتارلىقلارنىڭ تەۋبىسى يۇقىرى ئۈچ ئىش بىلەن بىرلىكتە قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم سوراش ۋە ئۇنى رازى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## كۈندىلىك ئىبادەتلىرىمىزگە قوشالايدىغان ئىشلىرىمىز

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپتۇر. مەسىلەن: بىرەر دەرتمەننىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، بىرەر ئىشتا چارىسىز قالغان كىشىگە چارە كۆرسىتىش، ئۈمىدسىز بىرىنى گۈزەل ئاقىۋەتتىن ئۈمىدلەندۈرۈش، گاڭگىراپ قالغان بىرىگە يول كۆرسىتىش، ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈش، غېرىپسىنىپ قالغانلارنى زىيارەت قىلىش، كېسەللەرنى يوقلاش، يولدا كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش، بىراۋنى زىياندىن ياكى ئەزىيەتتىن قوغداپ قېلىش، قەرزدار بولۇپ قالغانلارنى قەرزدىن قۇتقۇزۇپ قويۇش ياكى قەرزىنى يېنىكلىتىش، ئاممىۋى قاتناشلاردا ياشانغانلارغا، ئېغىر ئاياغ ئاياللارغا ۋە كىچىك بالىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش، موھتاجلارغا ياردەم قىلىش، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش، خاتا ئىش قىلغان بىرىگە نەسىھەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت دۇرۇس بولۇشى بىلەن

ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. ئەتىگەندە جورىمىزنى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى نامازغا ئويغىتىشىمىز، ئەتىگەن - ئاخشاملىق زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ھەر كۈنى بىر قانچە قېتىم بىللە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى ئىشلارنى ئەڭ قىممەتلىك ئىبادەتلەر قاتارىغا كىرگۈزەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇغاندىنمۇ، روزا تۇتقاندىنمۇ ئەۋزەل بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشتۇر»[108]. «بىراۋ بىرەر كېسەلنى زىيارەت قىلغاندا، ئاسماندىن بىر پەرىشتە: ‹ياخشى قىلدىڭ، زىيارەت ئۈچۈن باسقان قەدىمىڭ مۇبارەك بولسۇن! ئۆزۈڭگە جەننەتتىن ئورۇن ھازىرلىدىڭ› دەپ نىدا قىلىدۇ»[109]. «بىر ئادەم كېتىۋاتاتتى. يولدا بىر تال شاخنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى يولدىن ئېلىۋەتتى. ئاللاھ بۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشىدىن مەمنۇن بولدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت

108 ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

109 تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبەرانىي رىۋايىتى.

قىلىۋەتتى»[110]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئۇممىتىمنىڭ ياخشى- يامان ئەمەللىرى كۆرسىتىلدى. يولدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىدا كۆردۇم»[111].

110 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

111 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتۈشى

ئادەتتىكى ئىشلارنى نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەنھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ـ ئۆز پەزلىدىن ـ ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا نىيەتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. نىيەت شۇنداق سېھىرلىك نەرسىكى بەزى ئىبادەتلەرنى ئادەتكە ۋە بەزى ئادەتلەرنى ئىبادەتكە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نىيەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت بولىدىكەن، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمىز ئۆزلىكىدىن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتىدۇ.

ئۆي ئىچىدە جورىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، پەرزەنتلىرىمىزنى خۇشال قىلىش،

ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆگىنىشلىرىگە ياردەم قىلىش قاتارلىق ئاددىي ئىشلارمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئەلۋەتتە ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر ساھەسىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ئىمانىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەممىلا مۇسۇلماننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىشتۇر.